السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# ئەڭ ئاز دېگەندە چارەك دىينار ئۈچۈن قول كېسىلىدۇ

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: چارەك دىنار ئالتۇن ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ بولغىنى ئۈچۈن قول كېسىلىدۇ
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە، كىشىلەرنىڭ ھاياتى ۋە ئابرويى، مال- مۈلكى قاتارلىق ھەق-ھوقۇقلىرىنى بۇزغۇنچىلارنىڭ تازاۋۇز قىلىشىدىن ساقلايدىغانلىقىنى كەپالەتكە ئىگە قىلدى. مەسىلەن: باشقىلارنىڭ مېلىنى، ساقلاپ قويغان يېرىدىن يۇشۇرۇن ھالدا ئالغان ئوغرىنىڭ جازاسىنى، ئاشۇ مالنى ئېلىشقا ئىشلەتكەن ئەزاسىنى كېسىپ تاشلاشنى قانۇنلاشتۇردى، بۇ كېسىش ئۇنىڭ گۇناھىغا كاپپارەت بولىشى، ئۇ، ۋە ئۇنىڭدىن باشقىلارنىڭ بۇ پەسكەش يوللاردىن يېنىپ، شەرىئەت يولغا قويغان ئېسىل يوللار بىلەن پۇل تېپىشقا يۈزلىنىشى ئۈچۈندۇر. بۇنداق بولغاندا، ئىش كۆپىيىدۇ، ھەممە ئۇ ئىشلارنىڭ نەتىجىسى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، بۇ كائىنات تەرەققى قىلىدۇ، كىشىلەرنىڭ نەپسى قانىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمەتلىرىدىن؛ ئوغۇرلىسا قول كېسىلىدىغان مالنىڭ ئەڭ ئاز مىقدارىنى، ئالتۇندىن چارەك دىينارغا تەڭ قىلىپ قويغانلىقىدۇر. بۇنداق بولغاندا جەمئىيەتتە تېنىچ مۇھىت بارلىققا كېلىدۇ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ، مال - مۈلكىنى مەبلەغ سېلىپ پۇل تېپىش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/2964

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee